

مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# تەبىئەت ئاچچىقلاندى

مۇھىت ئاسراش ــــ تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# تەبىئەت ئاچچىقلاندى

## مۇھىت ئاسراش ــ تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى


ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى


www.uyghurkitap.com



— يىن يىن، بىز تەرەپكە كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتنى
كۆردۈڭمۇ؟ بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن.
— كۆردۈم، ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، قارا بۇلۇت يې-
قىنلاۋاتىدۇ، بۇ قارا بوران - يامغۇرنىڭ بېشارىتى.
گۇلدۇر - قاراس...
— يىراقتا چاقنىغان چاقماقنى كۆردۈڭمۇ؟ دەرھال
ئۆيگە قايتايلى، بولمىسا قارا يامغۇردا قالىمىز.



ـ ئاپلا، ئۈستىبېشىمىز ھۆل بولۇپ كەتتى، ئەمما بىز ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىۋالدۇق. قارا، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرمامىا گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچلۈك ئاۋازىدىن قارىغاندا، چوقۇم يېقىن ئەتراپتا گۈلدۈرلىدى. تەلىيىمىزگە بىز ئۆي ئىچىدە، بۇ بىزنى چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com



— يامغۇر تاراسلاپ يېغىۋاتىدۇ، بىز ھەممەيلەن ھۆل بولۇپ كەتتۇق، لۆڭگە بىلەن ئۇستىبېشىمىزنى سۈرتۈۋالايلى، بولمىسا زۇكامداپ قالىمىز، كېلىڭلار، مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرايلى. سىرتتا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، قاتتىق بوران چىقىۋاتىدۇ، مەن ھازىر سىلەرگە تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسىتەي. تەبىئەت ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئاچچىقلانسىلا ئاپەت بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بۇ بولسا قارا بوران، ئۇ دېڭىزدا شەكىللىنىدۇ، سپىرال شەكىلدە يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا بىر خىل كۈچلۈك كۈچ پەيدا بولۇپ، دېڭىز تاشقىنى شەكىللىنىدۇ. قارا بوران دېڭىز تاشقىنىنى يۆگەپ ھۇۋۇلدىغان ھالدا ھەممە نەرسىنى ئۇ-چۇرۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، پالما دەرىخى، ئاپتوموبىل، ئۆي... دېگەندەك. بىز كۆرۈۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش ھەقىقىي ئەھۋال بولۇپ، «مىچ» ناملىق قار بوران ھوندۇراس قاتارلىق ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردە كۆرۈلۈپ، ئاشۇ يەرلەرگە قاتتىق زىيان سالغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇيۇن گەرچە قارا بوراندىن «ياۋاش»تەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئاچ-
چىقى كەلسە تولىمۇ قورقۇنچلۇق. ئۇ كۆپىنچە شىمالىي ئامېرىكا
قىتئەسىدە كۆرۈلىدۇ، قۇيۇن هاۋا ئېقىمىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئايلى-
نىپ، ئىچى كاۋاك هاۋا ئېقىمىنى هاسىل قىلىشتىن شەكىللىنىدۇ.
قۇيۇننىڭ سۈرئىتى تېز بولۇپ، خۇددى يۇقىرى قۇۋۋەتلىك چاڭ-
توزان سۈمۈرگۈچتەك هەممە نەرسىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. مەسىلەن،
دەرەخ، قاتناش سىگنال چىرىغى، ئاپتوموبىل، ئۆي هايۋانلىرى دې-
گەندەك.





بۇنىڭدىن باشقا سۇ كەمچىل بولۇش تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قۇرغاقچىلىق پەيدا قىلىدۇ. سۇ ــ ھاياتلىق مەنبەسى، ئەمما دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە سۇ كەمچىل بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. سۇ بولمىسا دەريا قۇرۇپ، دەرەخ ۋە ھايۋانلار ئۆلۈم خەۋپىدە قالىدۇ. بىرنەچچە ئاي ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت يامغۇر ياغمىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ناۋادا جۈمەكتىن سۇ چۈشمىسە قانداق بولىدۇ؟ ناۋادا پاكىز سۇ ئىچەلمىسەك يەنە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن رايونلار مانا مۇشۇنداق ئاپەتكە دۇچ كەلمەكتە.






ھاۋانىڭ ھەرىكىتىدىن باشقا يەر تەۋرەشمۇ بىر خىل تەبىئىي ئاپەت. ئۇ شىددەتلىك بولۇپ، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئۆرۈۋېتىدۇ... بۇ مەنزىرە كارىب دېڭىزىدىكى ئارال دۆلىتى ھايتىدىكى يەر تەۋرەش ھادىسىسى بولۇپ، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، كىشىلەر ماكانىدىن ئايرىلغان. قاراڭلار، زۇڭتۇڭ سارىيىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ... بۇ يەر پۈتۈنلەي ۋەيران بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com



قىسمەن يەر تەۋرەش مەنبەلىرى دېڭىز ئاستىدا
بولۇپ، كۈچلۈك دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل ھادى-
سە دېڭىز تاشقىنى دەپ ئاتىلىدۇ، دېڭىز تاشقىنى
دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا زور بۇزغۇنچىلىق كۆ-
چىنى پەيدا قىلىدۇ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئېگىزلىكى
ھەتتا بىنا ئۆيىنىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ ئېگىز بولىدۇ.
بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان بىر قېتىملىق دېڭىز
تاشقىنى ئاسىيا قىتئەسىدىكى ھىندونېزىيە دۆلىتىگە
ھۇجۇم قىلىپ، دېڭىز دولقۇنى قۇرۇقلۇققا توسالغۇسىز
بېسىپ كىرىپ، مەھەللە ۋە ئۆيلەرنى بېسىپ كەتكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

يانار تاغنىڭ پارتلىشى ياكى ئورمان ئوت ئاپىتىمۇ غايەت زور تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئوت ئاپىتى پۈتكۈل شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئىتالىيەنىڭ پومپېيە ئەتراپىدىكى ۋېسۇۋىئو يانار تېغى تۇيۇقسىز پارتلاپ، پۈتۈن شەھەر يانار تاغ لاتقىسىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى سانتىئاگو، لوس ئانگېلېس، خوللىۋود قاتارلىق جايلاردىكى ئىمارەتلەر ئالدى - كەينى بولۇپ ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى. ئۆيىڭىزنى كۆيۈۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىپ بېقىڭ... بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە!





www.uyghurkitap.com



مۇشۇنداق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇ-
شىنى نوقۇل تەبىئەتتىن كۆرسەك بولمايدۇ،
ئىنسانلارمۇ بۇنىڭ قىسمەن جاۋابكارلىقىنى
ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بىز ئىنسانلارنىڭ تە-
رەققىياتى تېز بولماقتا، شۇ سەۋەبلىك شەھەر-
لەرنىڭ بۇلغىنىشى، ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ
خورىشى كېلىپ چىقتى. سۇنى تېجىمەستىن زى-
يادە ئىشلىتىپ، قىسمەن جايلاردا ئىچىملىك سۇ
كەمچىللىكىنى پەيدا قىلدۇق. قورقۇنچلۇق قارا
بوران، شىددەتلىك يەر تەۋرەش قاتارلىق هادى-
سىلەر بىزنى ئاگاھلىق هالدا تەبىئەتنى قوغداشقا
ئۈندەرمۇ؟



www.uyghurkitap.com

زاۋۇت ۋە ئاپتوموبىللاردىن چىققان كىرەكسىز گازمۇ تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل چىقىرىندىلار پارنىك ئېففېكتىنى كەلتۈرۈپ، تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرىلىسا كىلىمات ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قارا بوران، قۇرغاقچىلىق، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەبىئىي ئاپەتلەرنى توسىيالمايمىز، ھامىنى قارا بوران، قۇيۇن، يەر تەۋرەش، يانار تاغنىڭ پارتلىشى ۋە ئوت ئاپىتى قاتار-لىق ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ. ئەمما بىز بۇ خىل ئاپەتلەرنىڭ بىزگە كەلتۈرىدىغان تەسىرى ۋە زىيىنىنى ئازايتالايمىز. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار ئاپەتتىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىستې-مىسىنى قۇردى. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە پاناھلىنىش ئورنى ياسىلىپ، قۇيۇن زەربىسىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ياپونىيە يەر تەۋرەش كەلتۈرىدىغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېگىز بىنالارنى ناھايىتى مۇستەھكەم قىلىپ سالدى.



ئەمما قىسمەن نامرات دۆلەت ۋە رايونلار بۇ خىل ئاپەتلەرنىڭ ئۇنۇم-
لۇك ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئاپەت يۈز بېرىپ قالسا خەلقئارانىڭ ياردىمىگە
موھتاج بولىدۇ. ھايتىدىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىن، نۇرغۇن خەلقئارالىق
تەشكىلاتلار ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇ-
شى ئۈچۈن ياردەم قىلدى. كىچىك دوستلار، ئېسىمىزدە بولسۇنكى،
باشقىلار ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسا، چوقۇم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن
ئۇلارغا ياردەم قىلايلى. ياخشىلىق ھەرگىز يەردە قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەبىئىي ئاپەت بىزگە تەبىئەتنى چۈشىنىشنى، هۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتتى. تەبىئەت بىزگە نۇرغۇن بايلىق ئاتا قىلدى، يەنە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بۇ بايلىقلارنى ئېلىپ كېتەلەيدۇ... قاراڭلار... يامغۇر توختاپ هاۋا ئېچىلىپتۇ، بىز ئورمانلىقتا قايتىپ داۋاملىق ئويۇنىمىزنى ئوينايلى!!!






www.uyghurkitap.com




## ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە ئويۇن ئوينايلى!



### 1. سۇ تامچىتىش ئويۇنى


كېرەكلىك نەرسىلەر:

بىر دانە چېلەك

بىر دانە مېنزۇركا

بىر دانە سائەت








### ئويناش ئۇسۇلى

جۇمەكنى ئېچىپ قولىمىزنى يۇيىمىز، يۇيۇپ بولۇپ جۇمەكنى ئېتىمىز، ئەمما جۇمەكتىن يەنىلا سۇ تامچىلاپ چۈشىدۇ. چېلەكنى جۇمەكنىڭ ئاستىغا قويىمىز، سائەت بىلەن ۋاقىتنى ھېسابلايمىز. بىر سائەتتىن كېيىن جۇ- مەكنى چىڭ ئېتىمىز. مېنزۇركا ئارقىلىق چېلەكتىكى سۇنى ئۆلچەيمىز. مانا بۇ بىزنىڭ جۇمەكنى مەھكەم ئەتمەي زايە قىلىۋەتكەن سۇيىمىز.

### ئويلىنىڭ

ئويلاپ بېقىڭ، ناۋادا جۇمەكنى ئېتىشنى بىر كۈن، بىر ھەپتە، بىر ئاي ياكى بىر يىل ئۇنتۇپ قالساق، قانچە-



لىك سۇ ئېقىپ كېتىدۇ؟ قانچىلىك ئىسراپچىلىق بولىدۇ؟

### ھاياتلىق سۇيى

بىر رايوننىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئازلاپ كەتسە، دەريا سۇيى قۇرۇپ كېتىدۇ، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر سۇ كەمچىللىكتىن، قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، بىز سۇنى ئىسراپ قىلساق بولمايدۇ، ناۋادا جۇمەكنىڭ چىڭ ئېتىلمىگىنىنى كۆرسەك دەرھال بېرىپ ئېتىۋېتىشىمىز لازىم.



www.uyghurkitap.com



## 2. ئۆينى يورۇتايلى

(دىققەت! بۇ ئويۇن چوڭلار بىلەن بىللە ئوينىلىدۇ ھەمدە چاقماق ئويناشقا قەتئىي بولمايدۇ!)

**كېرەكلىك ماتېرىياللار:**

بىر دانە ئاليۇمىن قۇتا
بىر دانە قېرىنداش قەلەم
شىلىم
بىر تال يۇڭدا توقۇلغان پايپاق
بىر جۈپ سولياۋ پەلەي
بىر پارچە پولىستىرېن (قاتتىق رېزىن-
كە)

**تەييارلىق خىزمەتلەر:**

بىر ئېغىز كونا نورى چۈشمەيدى-
غان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەلنى
قويىمىز، شىلىم بىلەن قېرىنداش قە-



لەمنى ئاليۇمىن قۇتىنىڭ ئىچىگە تىك قىلىپ
چاپلايمىز ھەم شىلىمنىڭ قۇرۇشىنى ساقلاي-
مىز. قېرىنداش قەلەمنى كۆتۈرگەندە ئاليۇمىن
قۇتىنىڭ ئاجراپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قى-
لىشىمىز لازىم.

## ئويناش ئۇسۇلى

سولياۋ پەلەينى كىيىپ، يۇڭ پايپاقنى
ئۈستەلدىكى پولىستىرېنغا كۈچەپ سۈركەيمىز،
ئاندىن چاپلانغان قېرىنداش قەلەمنى ئاليۇمىن
قۇتا بىلەن پولىستىرېننىڭ ئۈستىگە قويىمىز.
دىققەت: قولىمىز بىلەن قېرىنداشنى سىقىماپ
تۇرىمىز، قولىمىز بىلەن بىۋاستە ئاليۇمىن
قۇتىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ.

## قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

پەلەينى سېلىپ ئۆيدىكى چىراغنى ئۆچۈ-
رىمىز، ئاندىن بېگىز بارمىقىمىزنى ئاستا-
ئاستا ئاليۇمىن قۇتىغا يېقىنلاشتۇرىمىز. بۇ ۋا-
قىتتا سىز ئوت ئۇچقۇنىنى كۆرىسىز. مانا بۇ
مىكرو چاقماقتۇر.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

大自然生气啦：维吾尔文 / (西) 帕劳著；(西)
库尔托绘；高小然汉译；买然木汗·那以甫维译. --
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
(地球环保小卫士丛书)
ISBN 978-7-5469-7711-9

Ⅰ. ①大… Ⅱ. ①帕… ②库… ③高… ④买… Ⅲ.
①漫画－连环画－西班牙－现代 Ⅳ. ①J238.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 264042 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛 书 名　地球环保小卫士
书　　名　大自然生气啦（维吾尔文）
作　　者　（西）何塞普·帕劳
插　　图　（西）罗莎 M·库尔托
译　　者　买然木汗·那以甫
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　3
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7711-9
定　　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中央广播电视大学出版社2014 年 1 月第 1版,2014 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيبۇ

## مۇھت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# تەبىئەت ئاچچىقلاندى

ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7711 - 9
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7711-9
9 787546 977119 >
定价：18.00 元